# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 6 ـ ئاي
6
پەيشەنبە
维吾尔文 6月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    新疆日报网：www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى：CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1—57    ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com    24718 ـ سان    بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ 2019 ـ يىللىق دۇنيا مۇھىت كۈنى يەر شارىۋى ئاساسىي مەيدان پائالىيىتىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 2019 ـ يىللىق دۇنيا مۇھىت كۈنى يەر شارىۋى ئاساسىي مەيدان پائالىيىتى 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ خاڭجۇ شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانلارنىڭ پەقەت بىرلا يەر شارى بار، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. نۆۋەتتە، خەلقئارا جەمئىيەت 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسىنى پائال ئەمەلىيلەشتۈرمەكتە، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى دۆلەتلەر يەنىلا مۇھىت بۇلغىنىشى، كىلىمات ئۆزگىرىشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## بېيجىڭدىن ئايرىلىپ موسكۋاغا يېتىپ بېرىپ، رۇسىيە فېدېراتسىيەسىدىكى دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىنى باشلىدى ھەم 23 ـ نۆۋەتلىك ساينىت پېتېربۇرگ خەلقئارا ئىقتىساد مۇنبىرىگە قاتنىشىدۇ

# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى

## ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى جۇڭگو ـ رۇسىيە يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئورتاق جاكارلىدى



6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ موسكۋا كرېمل سارىيىدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. سۈرەتتە: سۆھبەتتىن ئىلگىرى ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى مەھكەم قول ئېلىشىپ، خاتىرە سۈرەتكە چۈشمەكتە.
□شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى **دىڭ خەيتاۋ** فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، موسكۋا، 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار فەن ۋېيگو، خو شياۋگۇاڭ، ليۇ چاڭ)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى موسكۋادىكى كرېمل سارىيىدا رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيانقى ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا يۇقىرى باھا بەردى، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە يېڭى دەۋردىكى ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىش ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە يۈكسەلدۈرۈپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە دۇنيا خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزۈشكە بىردەك قوشۇلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مېنىڭ ئۇدا دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن تۇنجى قېتىم رۇسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇشۇم، شۇنداقلا 2013 ـ يىلدىن بۇيان سەككىزىنچى قېتىم رۇسىيەگە زىيارەتكە كېلىشىم. نۆۋەتتە، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى يۇقىرى سەۋىيەدە سىجىل، مۇقىم، ساغلام تەرەققىي قىلىپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. ئىككى تەرەپ ئەللەرنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللاپ، سىياسىي ۋە ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى چىڭىتتى، مۇستەھكەملىدى؛ ھەر ساھەدىكى ھەمكارلىقنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچىنى ئۈزلۈكسىز نامايان قىلىپ، مەنپەئەتلىرىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى كونسېرى چوڭقۇرلاشتۇردى؛ خەلقئارا ئىشلار ۋە يەر شارىۋى ئىدارە قىلىشقا پائال قاتنىشىپ، دۇنيا تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداشتا مۇھىم ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇردى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭگو بىلەن رۇسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقى. 70 يىل ئابىدە، شۇنداقلا يېڭى باشلىنىش نۇقتىسى. دۇنيا 100 يىلدا كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش يۈز بېرىۋاتقان ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتقان جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ تېخىمۇ زور ئۈمىدىنى ئۈستىگە ئالغان.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىك زاتلارنى يوقلىدى، ھال سورىدى

**ئۆز خەۋىرىمىز** 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى روزا ھېيت. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن، ۋاڭ جۈنجېڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ جەمئىيەت باشلىقى، شىنجاڭ ئىسلام دىنى شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى ئابدۇرېقىپ تۇمۇرنىياز، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى ما شۇشىن، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاق مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابدۇشۈكۈر رەخمىتۇللا، سانجى شەھىرىدىكى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى كوۋ جىنفا، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۆھتەرەم شېرىپ، ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى نىيەنزىگوۋ يولى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى بەي شېڭفۇ، بىڭتۇەن 12 ـ شىسى 1 ـ ماي دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇڭشياگدۇڭ مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى چېن يۈن، سانجى شەھىرىنىڭ يۇشۇگۇ بازىرىدىكى خۇاڭبەنچۈ مەسچىتىنىڭ ئىمامى قابى قاپاس، قۇتۇبى ناھىيەسىنىڭ قۇتۇبى بازىرىدىكى شەنشى مەسچىتىنىڭ ئاخۇنى ياڭ جىيې، خوتەن شەھىرىدىكى جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئوبۇلھەسەن تۇرسۇننىياز قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەكىللىك زاتلار ھەمدە مەرھۇم ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلار، جۇڭگو ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن جەمئىيەت باشلىقلىرىدىن جۇمە تاھىر، ھاجى ئەكبەر، داۋكىش دۆزبايلارنىڭ تۇغقانلىرىنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى ۋە ياكى ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى مەسئۇل يولداشلارغا يوقلاش، ھال سوراشنى ھاۋالە قىلدى، ئۇلارغا بايراملىق سەممىي بەخت تىلىدى.

چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر قاتارلىق ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى يوقلاش، ھال سوراش داۋامىدا مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دىن خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئامما روزا ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى

**گېزىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال خەۋىرى** 6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت ئامما كۆپ خىل شەكىلدە روزا ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى.

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتگاھ مەسچىتى ئالدىدىكى مەيداندا، كىشىلەر ساماغا چۈشۈپ ھېيتنى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزدى، قىزغىن كەيپىيات سىرتتىن كەلگەن ئۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلدى. قەشقەر شەھىرى ئاھالىسى مەممەت جۇمە مۇنداق دېدى: «ھەر قېتىمقى ھېيت ـ بايرامنى تەبرىكلەش پائالىيىتىدە، كىشىلەر بۇ يەردە ئۇسسۇل ئويناپ، ھېيت ـ بايرامنى خۇشال تەبرىكلەيدۇ».

6 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سەھەر سائەت 6لەردە، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شىمىگۇ رايونىدىكى ليۇداۋان مەسچىتى ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ مەسچىتكە كېلىشكە باشلىدى. مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، كىشىلەر مەسچىت ھويلىسىغا يىغىلىپ ناغرا ـ سۇناي چېلىپ، شادىمان ساماغا ۋە مەشرەپكە چۈشتى... ئۇلار ئۆزئارا مۇبارەكلەشتى، ناغرا رىتىمى ۋە ئۇسسۇل قەدىمى بىلەن بايرامنى تەبرىكلىدى.

شۇ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېنچۈەن يولىدىكى جەنۇبىي مەسچىتنىڭ يېنىدىكى كىچىك مەيداندا، ھەر مىللەت ئامما ئۆزئارا ھال سورىشىپ، بايرامنى بىرلىكتە تەبرىكلىدى. جۇشقۇن مۇزىكا ياڭرىغاندا، كىشىلەر رىتىمغا ئەگىشىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى، كىچىك مەيدان ئۇسسۇلچىلارغا لىق تولدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ھەم ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئاچتى

## باش تېما تەربىيەسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

**مۇخبىرىمىز مېھرىگۈل ناسىر خەۋەر قىلىدۇ:** 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ھەم ئورگىنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى ئېچىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايون قانات يايدۇرغان «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسى ھەم ئورگىنىنىڭ باش تېما تەربىيەسىگە قارىتا سەپەرۋەرلىك قىلدى، ئورۇنلاشتۇرۇش قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


شىنجاڭ گېزىتخانىسى
يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP


## جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىگەن بەش يىلدا

—— مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ بەش يىللىقى

# جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا يېڭى كەيپىيات ئەۋج ئالدى

> ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇشقا ئىنتىلىشكە يېتەكلەش كېرەك.
> —— شى جىنپىڭ



5 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتىنىڭ چىرا ناھىيەسى بوستان يېزىسى ئاچما كەنتىدە تۇرۇشلۇق «ئەللەرنى يېنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزاسى مۇيەسسەر كېرىمجان(سولدىن 3 ـ كىشى) چاچ ياساش ـ گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيىدە كەنتتىكى ئاچا ـ سىڭىللارغا گىرىم قىلىشنى ئۆگەتمەكتە.
□مۇخبىرىمىز **ئازات يۈسۈپجان** فوتوسى

□مۇخبىرلىرىمىز **پەرىزات، جاڭ جىلى، خەن چىنيەن**

جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئايلانغاندا، كىشىنىڭ كۆڭلى يايراپ كېتىدۇ: دېھقانلارنىڭ ھويلىلىرى پاكىز، رەتلىك ئىدى؛ يېڭىدىن ماكانلاشقان كەنت قورغان زاۋۇتلاردا كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى؛ كەڭرى كەتكەن يول بويلىرىدا گۈللەر پورەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

مەركەزنىڭ 2 ـ قېتىملىق شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىلغاندىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ تۇپرىقىدا چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، سىرتقا چىقىپ ئىشلەمچىلىك قىلىدىغان دېھقانلار كۆپەيدى، گۈزەللىككە ئىنتىلىدىغان ئاياللار كۆپەيدى، ھەر مىللەت ئامما ئارىسىدا «قوش تىل»دا سۆزلىشىدىغانلار كۆپەيدى، پۇقرالارنىڭ ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان تۇغقانلىرى كۆپەيدى، يېزا ـ كەنتلەردە مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى كۆپەيدى... ھەممىلا يەردە ئارزۇ ئۈچۈن تىرىشىپ ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان كىشىلەرنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، ھەر ۋاقىت زامانىۋى مەدەنىي يېڭى كەيپىياتنى ھېس قىلغىلى بولاتتى.

### ■ يېڭى قاراش ئارقىلىق يېڭى كەيپىياتقا يېتەكلەش

چاچنى بۇدۇر قىلىش، ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، شەكىل چىقىرىش... خوتەن ناھىيەسىنىڭ لايقا يېزىسىدا خېلىلا نامى بار بىر ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش دۇكىنى —— مۇقەددەس ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش، چاچ ياساش دۇكىنى بار بولۇپ، ھەر كۈنى يېقىن ئەتراپتىن داڭقىنى ئاڭلاپ كەلگەن كەنت ئاھالىلىرى بىلەن لىق تولىدۇ. «بۇگۈنكى كۈندە، كەنتتىكى ئاچا ـ سىڭىللار گۈزەللىكنى، مودىنى قوغلىشىدىغان بولدى، ئۇلارنىڭ كىيىنىشى رەتلىك، گىرىملىرى نەپىس، سۆزلىرىدىن ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ چىقىپ تۇرىدۇ، كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ» دېدى 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى دۇكاندار مۇقەددەس مەمەتتۇرسۇن.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)